# ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىش شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

پومپېئو شىنجاڭ «جازا لاگېرى تەسىس قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتتىن مىليون ئادەمنى قانۇنسىز قاماپ قويدى، زىيانكەشلىك قىلدى» دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ پۈتۈنلەي تۇترۇقسىز گەپ. شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۆرىشىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇشى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن ھەققانىي تەدبىر. ئۆتكەن بىر مەزگىلدىكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ئۈزۈلمەي يۈز بەرگەن كەسكىن ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىش، قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، «بىر قولدا زەربە بېرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا ئالدىنى ئېلىشنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، پاكىتنى ئاساس قىلىش، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشكە ئەھمىيەت بەردى، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيزمنىڭ پەيدا بولۇش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى ئەڭ زور چەكتە يوقاتتى، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىماسلىقىغا ئەڭ زور دەرىجىدە كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭدىكى كەسپىي ماھارەت - تەلىم تەربىيە مەركىزى ئەنگلىيە تەسىس قىلغان DDP (ئۆزگەرتىش ۋە ئايرىۋېتىش تۈرى)، فرانسىيە تەسىس قىلغان ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش مەركىزى بىلەن ماھىيەت جەھەتتە پەرقلەنمەيدۇ، ھەممىسى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش بويىچە ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك قوللىنىلغان پايدىلىق سىناق ۋە پائال ئىزدىنىش. تەلىم - تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا، شىنجاڭ تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە خەۋەرلىشىش ئەركىنلىكىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلدى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقنى قوللىنىش ھوقۇق - مەنپەئەتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلدى، ھەر مىللەت تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى ۋە ئۇنى قوغدىدى، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە تولۇق ھۆرمەت قىلدى ۋە ئۇنى قوغدىدى. 2019 - يىلى 10 - ئايدا، «ئۈچنى ئۆگىنىش، بىرنى تۈگىتىش» بويىچە تەلىم - تەربىيەگە قاتناشقان تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى تەربىيەنى تاماملاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىپ، تۇرمۇش سۈپىتى ياخشىلاندى، نورمال تۇرمۇش كەچۈردى.

پومپېئو شىنجاڭدا ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەۋجۇت دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ پۈتۈنلەي ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىگەنلىك. شىنجاڭ باشتىن - ئاخىر «خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى» ۋە مۇناسىۋەتلىك ئەھدىنامىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىش، يۇرۇشتۇرۇش، نازارەت قىلىش، مۇرەسسە قىلىش - بىر تەرەپ قىلىشنى قانۇنچىللىشىش يولىغا سېلىپ، زوراۋانلىق قىلىش، تەھدىت سېلىش ياكى قانۇنسىز ھالدا جىسمانىي ئەركىنلىكنى چەكلەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشنى قاتتىق چەكلىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلىشىشى پۈتۈنلەي ئەركىن. ئۇلارنىڭ كەسىپ تاللاش ئەركىنلىكى بار، قەيەرگە بېرىش، قانداق خىزمەت قىلىشنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ، جىسمانىي ئەركىنلىكى ئەزەلدىن ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچراپ باققىنى يوق. ھۆكۈمەتنىڭ قىلىدىغان خىزمىتى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇچۇر سۇپىسىنى پائال قۇرۇپ، ياخشى بولغان ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇھىتى يارىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ رازى بولغۇدەك خىزمەت تېپىشى، مۇقىم كىرىم قىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىش، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلەندۈرۈش. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ھەققىگە ئېرىشىش ھوقۇقى، ئارام ئېلىش - دەم ئېلىش ھوقۇقى، ئەمگەك بىخەتەرلىكى - ساقلىق ساقلاشنى قوغداش ھوقۇقى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پاراۋانلىقىغا ئېرىشىش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇق - مەنپەئەتلىرى بىردەك قانۇن بويىچە قوغدالدى. ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەر مەيلى شىنجاڭدا ياكى مەملىكەت ئىچىدىكى باشقا رايونلاردا ئىشقا ئورۇنلىشىشىدىن قەتئىينەزەر، دىنىي ئېتىقاد، مىللەتلەر مەدەنىيىتى، تىل - يېزىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ھوقۇق - مەنپەئەتلىرى بىردەك قانۇن بويىچە ھۆرمەت قىلىندى ۋە كاپالەتلەندۈرۈلدى.

پومپېئو شىنجاڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسىنى تىزگىنلەپ، ئۇيغۇر مىللىتىگە قارىتا ئىرقىي يوقىتىشنى يولغا قويدى» دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ پۈتۈنلەي ئۇتامى يوق گەپ قىلغانلىق، ئاساسسىز گەپلەرنى ئويدۇرغانلىق. ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئىزچىل سىجىل ئېشىۋاتىدۇ. ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2010 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە، شىنجاڭدا دائىم تۇرۇشلۇق نوپۇس 21 مىليون 815 مىڭ 800 ئادەمدىن ئېشىپ 24 مىليون 867 مىڭ 600 ئادەمگە يېتىپ، 3 مىليون 51 مىڭ 800 ئادەم كۆپىيىپ، 13.99% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 12 مىليون 985 مىڭ 900 ئادەمدىن ئېشىپ 15 مىليون 860 مىڭ 800 ئادەمگە يېتىپ، 2 مىليون 874 مىڭ 900 ئادەم كۆپىيىپ، 22.14% ئاشقان؛ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسى 10 مىليون 171 مىڭ 500 ئادەمدىن ئېشىپ 12 مىليون 718 مىڭ 400 ئادەمگە يېتىپ، 2 مىليون 546 مىڭ 900 ئادەم كۆپىيىپ، 25.04% ئاشقان؛ خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسى 8 مىليون 829 مىڭ 900 ئادەمدىن ئېشىپ 9 مىليون 6800 ئادەمگە يېتىپ، 176 مىڭ 900 ئادەم كۆپىيىپ، 2.0% ئاشقان. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپلا قالماي، ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىنمۇ يۇقىرى، خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولغان. شىنجاڭ قانۇن بويىچە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش جەريانىدا، ھامىلە چۈشۈپ قالغاندا چۈشۈرۈۋېتىش، مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش، مەجبۇرىي ھامىلدارلىقنى تەكشۈرۈش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى يولغا قويۇشنى چەكلىدى، ھەر مىللەت ئاما ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرىنى قوللىنىش - قوللانماسلىق، قانداق شەكىلنى قوللىنىپ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشتا، بىردەك شەخس ئۆز ئالدىغا ئىختىيارلىقى بىلەن قارار قىلىدۇ، ھەر قانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ، «مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش» مەسىلىسى تۈپتىن مەۋجۇت ئەمەس.

پومپېئو شىنجاڭ «دىنىي ئەركىنلىكنى باستۇردى» «ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىنى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى» دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ پۈتۈنلەي پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ تۆھمەت قىلغانلىق. شىنجاڭدا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىقنى پۇقرالار پۈتۈنلەي ئۆز ئالدىغا تاللايدۇ، ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ پۇقرالارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىققا مەجبۇرلىشىغا بولمايدۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالارنى ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ. پۇقرالار دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا ھەمدە دىنىي ئادەت بويىچە ئۆز ئۆيىدە ئېلىپ بارغان بارلىق نورمال دىنىي پائالىيەتلەرگە دىنىي تەشكىلاتلار ۋە پۇقرالار ئۆزى ئىگە بولۇپ، قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، ھەر قانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ئارىلىشىشىغا بولمايدۇ. شىنجاڭنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى قوغداش ئۇسۇلى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىجابىي باھاسىغا ئېرىشتى. 2019 - يىلى 3 - ئايدا، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى كېڭىشى قارار ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ مۇسۇلمان ئاممىغا غەمخورلۇق قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى تەرىپلىدى. 2020 - يىلى 10 - ئايدا، 20 ئەرەب دۆلىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۈكسەك باھا بەردى.

پومپېئو «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزدى» دەپ بوھتان چاپلىدى، بۇ پۈتۈنلەي كۆزنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىگەنلىك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ نەچچە ئون ئەزاسى بار سىياسىي پارتىيەدىن تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈندە 91 مىليون 914 مىڭ ئەزاسى بار، دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەتتە ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چوڭ پارتىيەگە ئايلىنالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى باشتىن - ئاخىر خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، باشتىن - ئاخىر خەلق بىلەن جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولدى، ھايات - ماماتتا بىللە بولدى. دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ تۇپرىقىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد گۈللەنگەن، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. بىرىنچىدىن، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل، مۇقىم ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، جىنايى ئىشلار دېلوسى، ئامانلىق دېلوسى، خەۋپسىزلىككە خەۋپ يەتكۈزۈش دېلوسى، ئاممىۋى بىخەتەرلىك ۋەقەسى زور دەرىجىدە ئازىيىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيانقى تىنچ، مۇقىملىققا بولغان ئىنتىلىشى ۋە ئۈمىدى ئىشقا ئاشتى. ئىككىنچىدىن، ئىقتىساد تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلدى. 2014 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 919 مىليارد 590 مىليون يۈەندىن ئېشىپ 1 تىرىليون 359 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.2% ئاشتى. ئادەتتىكى ئاممىۋى خامچوت كىرىمى 128 مىليارد 230 مىليون يۈەندىن ئېشىپ 157 مىليارد 760 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.7% ئاشتى. ئۇل ئەسلىھە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يۇقىرى سۈرئەتلىك يول دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئۈچىنچىدىن، خەلق تۇرمۇشى روشەن ياخشىلاندى، 2014 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە، شىنجاڭ ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.1% ئاشتى. 1 مىليون 690 مىڭ يۇرۇشتىن ئارتۇق يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى، 1 مىليون 560 مىڭ يۇرۇشتىن ئارتۇق شەھەر - بازار كاپالەتلىك ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، 10 مىليوندىن ئارتۇق ئاما يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. شەھەر، يېزىلارنىڭ ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتى، ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى. تۆتىنچىدىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە 3 مىليون 64 مىڭ 900 نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 3666 نامرات كەنتنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن چېكىندى، 32 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، شىنجاڭنىڭ مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى.

قارا بۇلۇت ھامان قۇياشنى توسۇۋالالمايدۇ، يالغان - ياۋىداق سۆز مۇقەررەركى ھەقىقەتنى يېڭەلمەيدۇ. پومپېئو توقۇغان قىپقىزىل يالغانچىلىق پەقەت ئۇنىڭ ناچار پەزىلىتى ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشتەك رەزىل نىيىتىنى دەللىلەيدۇ. پومپېئونى كۈتۈپ تۇرغىنى تارىخنىڭ ئادىل سوت قىلىشى ۋە ھېساب ئېلىشىدۇر. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، پومپېئو مەيلى قانداق يالغانچىلىق قىلسۇن، قانداق ئالدامچىلىق قىلسۇن، ھەق - ناھەقنى قانداق ئاستىن - ئۈستۈن قىلسۇن، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا دەخلى قىلالمايدۇ، شىنجاڭنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان مەزمۇت قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ! شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

# ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ خالىغانچە تەلۋىلىك قىلىش قىلمىشى مۇقەررەر كىشىلەر قەلبىگە ياقمايدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۆتكەن بىرنەچچە يىلدا، بۇ «تارىختىكى ئەڭ ناچار دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى» يالغان - ياۋىداق سۆزلەپ قارا چاپلاشنى ئادەتتىكى ئىش قىلىۋېلىپ، ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئەسكىلىك قىلىشتەك قاراقچىلىق لوگىكىسى، ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ «مىنا كۆمۈش، ئوت قويۇش»تەك نەيرەڭۋازلىقى ئارقىلىق، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە ھەرقانداق شەرمەندىچىلىكتىن يانماي، ئەخلاق تۆۋەن چېكىنى قايتا - قايتا بۇزۇپ، كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان ساختا ئويۇنلارنى ئۈزلۈكسىز تارقىتىپ، يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى داۋاملىق ئويدۇرۇپ چىقىپ، بىر قاتار ئەسەبىي قىلمىشلارنى پىلانلاپ، ئۇنى يولغا قويۇشقا تۈرتكە بولدى. ئۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش شەكلىدىكى سىياسىي نەيرەڭۋازلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا «كونى ئاخىرلاشقان چۈپرەندە» ۋە «ئەسىر مەسخىرىسى»گە ئايلاندۇرۇپ، «يالغانچىلىق دىپلوماتىيەسى»نى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى.

ئۇنىڭ شىنجاڭغا قارا چاپلاش ۋاستىسى ئىنتايىن بىمەنە، تېتىقسىز. شىنجاڭغا تۆھمەت قىلىش ئۈچۈن، ئۇ بەزى «ئارتىس»لاردىن پايدىلىنىپ قۇسۇر چىقاردى. ئوچۇقتىن - ئوچۇق مېھرىگۈل تۇرسۇندىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئەخلاق - پەزىلىتى ناچار، يالغان - ياۋىداق سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن كىشىنى ئامېرىكا «دۆلەت مەجلىسى - مەمۇرىي تارماق جۇڭگو كومىتېتى»نىڭ ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىغا قاتنىشىپ ئاتالمىش «ئۆز كەچۈرمىشى»نى بايان قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، يەنە ئۇنىڭ يالغان - ياۋىداق ھېكايىلىرىنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭنى سەۋەبسىز ئەيىبلىدى ۋە شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلدى، تۆھمەت چاپلىدى، ھېچقايسىسىدا سەممىي ئەخلاق ۋە ئاساسىي ۋىجدان يوق. سايراگۈل ساۋۇتبايىنىڭ دۆلەت چېگراسىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈش جىنايىتى، قەرز پۇل ئالدامچىلىقى جىنايىتىنى نەزەرگە ئالماي، جاھىللىق بىلەن ئۇنىڭغا ئاتالمىش «خەلقئارا ئاياللار جاسارەت مۇكاپاتى» بەردى، بۇ پۈتۈنلەي كىشىلىك ھوقۇققا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك ۋە ئالدامچىلىق.

ئۇنىڭ شىنجاڭغا قارا چاپلايدىغان ھىيلە - نەيرەڭلىرى رەزىل، شەرمەندە. ھەممىگە مەلۇمكى، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى بېكىتكەن تېررورلۇق تەشكىلات، شۇنداقلا خەلقئارا جەمئىيەت ئورتاق ئېتىراپ قىلغان تېررورلۇق تەشكىلات. ئۇزاقتىن بۇيان، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» دىن تونىغا ئورىنىۋېلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ئىدىيەسىنى تارقىتىپ، بىر قاتار زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى قوزغىتىپ، پىلانلاپ ۋە سادىر قىلىپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزدى. پومپېئو «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نىڭ شىنجاڭغا بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىش، جۈملىدىن ئەسەبىي ئىدىيە سىڭدۈرۈش، مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇترىتىش، ئاياللار، باللارنى زەھەرلەش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنى تۇغدۇرۇش قاتارلىق قانلىق جىنايەتلىرىگە پەرۋا قىلماي، خەلقئارادا ئىزچىل زوراۋانلىق، تېررورلۇقنى قوللاپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى»نى تېررورلۇق تەشكىلات دەپ بېكىتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى بىر تەرەپلىمە جاكارلاپ، ئوچۇقتىن - ئوچۇق تېررورچى كۈچلەرنىڭ ئارقا تىرەكى ۋە كۈشكۈرتكۈچىسى بولغانلىقى، پومپېئونىڭ رەزىل قوش ئۆلچىمى ۋە تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ «مۇۋاپىق كەلسە پايدىلىنىش، مۇۋاپىق كەلمىسە چۆرۈپ تاشلاش»تەك ساختا ئەپت - بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارىلىدى.

ئۇنىڭ شىنجاڭغا قارا چاپلاش قىلمىشى بىمەنە، كۈلكىلىك. پومپېئو دائىم جۇڭگوغا قارشى ئالىم جېڭ گوئېن، ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت تەتقىقات ئورنى قاتارلىقلار ئويدۇرۇپ چىققان ئاتالمىش «شىنجاڭغا ئالاقىدار تەتقىقات دوكلاتى»نى نەقىل كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىمىزگە ھەدەپ ھۇجۇم قىلدى. ھالبۇكى، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تاراتقۇلار بۇ جېڭ گوئېننىڭ جۇڭگوغا قارشى ئىغۋالارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، جۇڭگوغا تۆھمەت چاپلاپ تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى، يازغان دوكلاتىنىڭ سانلىق مەلۇماتلاردا ساختىلىق ئىشلىتىش، قارىسىغا پەرەز قىلىش ۋە رەقەم ئويۇنى ئويناش بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى، سېپى ئۆزىدىن ئىلىم ئالدامچىسى ۋە جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ سىياسىي قورچىقى ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم ئاشكارىلىدى. ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت تەتقىقات ئورنى مەبلەغ چىقارغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن، جۇڭگوغا قارشى تۈرلۈك قارالملارنى ئويدۇرۇپ چىقىش ۋە كۆپتۈرۈشكە شۇڭغۇپ كىرگەن... بۇ ھەرگىزمۇ ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتى بولماستىن، بەلكى بەزى سىياسەتۋازلار كونترول قىلىپ پايدىلانغان جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش قورالى. بولۇپمۇ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە، ئۇ قىلچە پاكىت ئاساسى يوق، خام خىيال، پەرەزگە تولغان سەپسەتىلەرنى قايتا - قايتا ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئاللىقاچان سېسىق نامى پۇر كەتكەن. پومپېئو پاكىتنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، بۇ يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى ئۆلچەم قىلىپ، شىنجاڭدىن توختىماي «قۇسۇر چىقىرىپ»، شىنجاڭغا «قالپاق كىيدۈردى»، ئۇنىڭدا قىلچە تۆۋەن چەك يوق، قىلچە ئار - نومۇس يوق، قىلچە ئەخلاق يوق.

ئەمەلىيەتتە، ھەر مىللەت خەلقنىڭ تىرىشىشى ئارقىلىق، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم بولدى، تەرەققىي قىلدى، خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال - خۇرام ئىشلىمەكتە. ئۆتكەن تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، شىنجاڭدا بىرمۇ زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىگە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىندى؛ شىنجاڭ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈپ، تۈرلۈك ئامىللار بىلەن ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىپ، گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىشىگە ئىلھام، ياردەم ۋە مەدەت بەردى؛ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامرات كەنتلەرنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن چېكىندى، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى؛ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق - مەنپەئىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىندى ۋە قوغدالدى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر قانۇننىڭ قوغدىشىغا ئېرىشتى؛ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل مەدەنىيىتى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، ئۆرپ - ئادىتى ناھايىتى ياخشى قوغدالدى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىندى؛ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەربىيەلىنىش ھوقۇق - مەنپەئىتىگە ئومۇميۈزلۈك كاپالەتلىك قىلىندى ۋە نامايان قىلىندى، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قاپلىشى، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۈچ يىللىق ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن باللار مائارىپى ۋە 12 يىللىق ئاساسىي مائارىپنىڭ تولۇق قاپلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي داۋالىنىش كاپالىتى سىستېمىسى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى تىنچ - ئىناق ۋە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردى.

يالغان - ياۋىداق سۆزلەر ھەقىقەتنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ، ئادىللىق كىشىلەر قەلبىدە. پومپېئونىڭ بايانلىرى سەپسەتىلەرگە تولغان بولۇپ، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش، خەلقئارا ئاممىۋى پىكىرنى ئازدۇرۇش، زەھەرلەشتەك رەزىل نىيىتى ئاشكارىلاندى. پومپېئو ھەرقانچە غالجىرلارچە ئويۇن ئوينىسىمۇ، بۇ پەقەت ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاجىز تىركىشىشى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان، خالىغانچە تەلۋىلىك قىلىدىغان «كونى ئاخىرلىشىش ئالدىدىكى غالجىرلىق» قىلمىشى مۇقەررەر كىشىلەر قەلبىگە ياقمايدۇ، مۇقەررەر ئاقمايدۇ، مۇقەررەر خىيالىي چۈش بولۇپ قالىدۇ!